سېنتەبىر 2024
ئومۇمىي 50- سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار يېڭى قارار ماقۇللىدى




خىتاي شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چەت ئەل سودىسىنى كېڭەيتمەكتە
6-بەت

يېڭى دېھلىدا ھىندىستان-ئۇيغۇر قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى
14-بەت

خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تۆرلۈك ساھەلەردە تەسىرىنى كۈچەيتمەكتە
50-بەت

ISTIQLAL

# باش مۇھەررىر


ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



# ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

ئا. ئوغۇز

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى


**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL


بەت 6


بەت 10


بەت 18


بەت 28


بەت 38

1 ئاتالمش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار يېڭى قارار ماقۇللىدى

6 خىتاي شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چەت ئەل سودىسىنى كېڭەيتمەكتە

8 تۈركىيە ئەمەلدارى: خىتاي ئۇيغۇر نوپۇسىنى سىستېمىلىق ئازايتماقتا

10 تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت ھىندىستاندا زىيارەتتە بولدى

14 يېڭى دېھلىدا ھىندىستان-ئۇيغۇر قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى

18 ئامېرىكا پارلامېنتىدا خىتايغا قارشى 30 دىن ئارتۇق قانۇن لايىھەسى قاراپ چىقىشنى كۈتمەكتە

20 شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ تىپتىكى ۋانادىي، تىتانو ماگنىتىت كېنى بايقالدى

22 تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبە مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلدى

24 خىتاي ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چاقماقتا

28 ياپونىيەلىك ئۇيغۇر پارلامېنت ئەزاسى ھۆكۈمەتنى خىتايغا قاتتىق قول بولۇشقا چاقىردى

30 لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسور راھىلە داۋۇتقا پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى

34 خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنىڭ تۈركىيەگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى تەكىتلەندى

38 خىتاي خەلقئارانىڭ كۆزىنى بويايدىغان غايەت زور مەدەنىيەت سارىيىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى

42 خىتاي ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىدىن ئۆچ ئالماقتا

44 ژۇرنالىستلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن جەم بولدى

48 ئەردوغان: ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن خىتاي بىلەن دىيالوگ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز

50 خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تۈرلۈك ساھەلەردە تەسىرىنى كۈچەيمەكتە

54 پاكىستان ئۆلىمالار ئۆمىكىنىڭ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ماسلاشقانلىقىغا قارشى بايانات ئېلان قىلىندى


58 تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى مالايشىيانىڭ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشتى

# ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» مەجبۇري ئەمگەككە ئالاقىدار يېڭى قارار ماقۇللىدى

**ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەك جىنايىتىگە چېتىشلىق بولۇش سەۋەبلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جازالانغان خىتاي شىركەتلىرىنى قوللاش ھەققىدە يېڭى قارار ماقۇللىدى.**

خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى» 23-ئاۋغۇست ئاتالمىش «ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار جازالىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە جازا تەستىقلانغان كارخانا ۋە ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى قارار»نى ماقۇللىغان بولۇپ، 2-سېنتەبىر رەسمىي ئېلان قىلىنغان ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە ئامېرىكىنىڭ 2022-يىلى 21-ئىيۇن «ئۇيغۇر مەجبۇري



ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى رەسمىي يولغا قويغانلىقى، مەزكۇر قانۇن ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەپ، خىتاي




شىركەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقى، ئاتالمىش «شىنجاڭ كارخانىلىرى»نىڭ مەنپەئەتى ۋە رايوندىكى بارلىق تەرەپلەرگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە جار سېلىنغان.

خەۋەردە يەنە ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى ئىشلار»نىڭ پۈتۈنلەي خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكى، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى پاكىتلارغا سەل قارىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا: «پۈتۈن رايون دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، جازاغا ئۇچرىغان شىركەت ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ جازاسىغا قارشى تۇرۇشتا دۆلەت ئورگانلىرى،




خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانا، ئورگانلار ۋە رايوندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەۋرەنمەس مەسئۇلىيىتى بار» دەپ جار سېلىنغان.

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولغان نەچچە مىليون تۈركىي خەلقنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق سانچى يىدا توقۇمىچىلىق شىركىتى، خېفېي باۋلوگدا ئۈچۈر تېخنىكىسى شىركىتى، خېفېي مېيلىڭ شىركىتى، خوتەن خاۋلىن چاچ زاپچاسلىرى شىركىتى، خوتەن تەيدا كىيىم-كېچەك شىركىتى، جىنچۇاڭ گورۇھى شىركىتى، نەنجىڭ شىنىي پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتى، نەنچاڭ ئوفېيگۇاڭ تېخنىكىسى شىركىتى ۋە تەنيۈەن تېخنىكىسى، ئاتالمىش شىنجاڭ يىپەك يولى خۇادا گېن تېخنىكىسى ۋە بېيجىڭ لىۋخې خۇادا گېن تېخنىكىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ




گېن ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە تەھلىل قىلىشقا ياردەم بەرگەن شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ختاي شىركەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە چېتىلغان ختاي ئەمەلدارلىرىنى جازالىغان. نەتىجىدە ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك شىركەت-كارخانىلار، خۇسۇسەن مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مۇھىم بازىسى بولغان پاختا توقۇمىچىلىق شىركەتلىرى ئېغىر زىيان تارتقان، ھەتتا نۇرغۇنلىغان ختاي شىركەتلىرى ۋەيران بولۇپ، ختاي ئىقتىسادى زور تەسىرگە ئۇچرىغان.

بۇ ئەھۋال ختاينى جددىيلەشتۈرۈۋاتقان بولۇپ، ختاي ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن شىركەت-كارخانىلارنى مەخسۇس قوللاش ھەققىدە قارار ماقۇللاش ئارقىلىق، كاساتلاشقان ئىقتىسادىنى قايتا يۆلەشكە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان.

# خىتاي شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چەت ئەل سودىسىنى كېڭەيتمەكتە



**خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق چەت ئەلگە مال ئېكسپورت قىلىشنى كۈچەيتكەن بولۇپ، بۇ يىل ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتكەن خىتاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشقان**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 2-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 20-ئاۋغۇستقىچە بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورغاس، ئالاتاۋ تۆمۈريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 10 مىڭ 37 قېتىم بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9% ئېشىپ، بۇلتۇرقىدىن 20 كۈن بۇرۇن 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشقانلىقىنى ئېلان قىلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقىنى بۇلاڭ-

تالاڭ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاننى مۇھىم چەت ئەل ئىمپورت ئېغىزى قىلغان. ختاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى شەرقىي تۈركىستاننى ختاينىڭ خەلقئارا كەسىپ زەنجىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، شۇنداقلا ختاي ئىقتىسادىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئالىدىغان رايونغا ئايلاندۇرغان.

ختاي تەشۋىقات ئورگانلىرى ختاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ دائىملىق قاتنىشى، توشۇش مىقدارى كۆپ بولۇش، بىخەتەر، راۋان قاتناش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن، ختاي ئىچى-سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاتاۋ تومۇريول چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنايدىغان ختاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى لىنىيەسى جەمئىي 120 گە يەتكەن بولۇپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئەنگلىيە قاتارلىق 21 دۆلەتكە تۇتىشىدىكەن.

كۆزەتكۈچىلەر ختاي ئىقتىسادىنىڭ يېقىنقى يىللاردا كۆرۈنەرلىك چېكىنگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقان ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ختاينىڭ چەت ئەلگە قاراتقان چىقىش ئېغىزى قىلغانلىقىنى، خەلقئارا بازارغا يولغا چىققان پويىزلارنىڭ سانىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقانلىقىدەك ساختا كۆرۈنۈش بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# تۈركىيە ئەمەلدارى: خىتاي ئۇيغۇر نوپۇسىنى سىستېمىلىق ئازايتماقتا



**تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى دەريا يانىق خانىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان سىستېمىلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ دەپسەندىچىلىكلەرنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى.**

تۈركىيەنىڭ سابىق ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي سىياسەت مىنىستىرى، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ئوسمانىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋە تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى دەريا يانىق خانىم 3-سېنتەبىر ب د ت نىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلان دوكلاتى ھەققىدە ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ۋە كۆچىيىۋاتقان ئىسلام دۈشمەنلىكى توغرىسىدا توختالدى.




زىيارەتتە ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە پاكىستان چېگراسىدا 1947-يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان كەشمىر مەسىلىسىنىڭ، ئاراكان مۇسۇلمانلىرى مەسىلىسىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرى دىققەت تارتتى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 2022-يىلى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتتىغا ئىشارەت قىلدى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە نوپۇس ئۆزگەرتىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكىنى تەكىتلىدى.

دەريا يانىق خانىم سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت-مەھەللىلىرىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈشى، جازالاش مەقسىتىدە قاماپ قويۇلۇشى، پەرزەنت كۆرۈش ۋە ساياھەت قىلىش ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى قاتارلىق ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ 1970-يىللاردىن باشلاپ خىتاي تەرىپىدىن زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس نىسبىتىنىڭ ئىلگىرىكى 80% تىن 40% كە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بۇ ئەھۋالنىڭ يەنە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇ جەرياننىڭ سىستېمىلىق نوپۇس ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.



# تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت
# ھىندىستاندا زىيارەتتە بولدى





**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 8-سېنتەبىردىن باشلاپ ھىندىستان زىيارىتىنى باشلىدى.**

ھەيئەت تۇنجى كۈنى ھىندىستان پارلامېنت ئەزاسى، شۇنداقلا كېڭەش پالاتا ئەزاسى شىرى سۇجىت كۇمار ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئالدى بىلەن شىرى سۇجىت كۇمار ئەپەندىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇرغان. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھىندىستان پارلامېنتىدا، شۇنداقلا ھىندىستان جەمئىيىتىدە قانداق كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغان.

ھەيئەت بۇ جەرياندا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك،




شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىش جەريانىدا ھىندىستان چېگراسىدىن قانۇنسىز ئۆتكەنلىك باھانىسى بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، 11 يىلدىن بۇيان ھىندىستاندا ئىزچىل تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، كېڭەش پالاتا ئەزاسى شىرى سۇجىت كۇمار خىتايغا قارشى خەلقئارا پارلامېنتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىكەن.

ھەيئەت 9-سېنتەبىر يەنە ھىندىستان ئىستراتېگىيەلىك ئەقىل ئامبىرى «ھىندىستان فوندى»نى زىيارەت قىلغان ۋە بۇ جەرياندا فوندنىڭ رەئىسى، سابىق گېنېرال مايور دىرۇۋ كاتوچ، مۇتىۋەللىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، سابىق گېنېرال لېيتېنانت شېخار سانخا ۋە سابىق پولكوۋنىك ئالوك بانسال قاتارلىقلار بىلەن يىپىق تەرىقىدە سۆھبەتلەشكەن. سۆھبەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھىندىستاندا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش مەسىلىسى، خىتاينىڭ رايوندىكى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى قاتارلىق تېمىلار مۇزاكىرە قىلىنغان.

ھەيئەت 9-سېنتەبىر يەنە ھىندىستاننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخبىرى، تىبەتشۇناس، يازغۇچى ۋە ھىمالايا ئاسىيا تەتقىقات ۋە تەشەببۇس مەركىزىنىڭ رەئىسى ۋىجاي كرانتى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. ۋىجاي كرانتى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى، ماقالە، خەۋەرلىرى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللاش مەيدانى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 10-سېنتەبىر ھىندىستان پايتەختى يېڭى دېھلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاي ھىندىستان ۋە دۇنياغا قانداق قارايدۇ؟»






ماۋزۇلۇق كىتابنى تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان. مەزكۇر يىغىننى ھىندىستان فوندى ۋە ھىندىستان ھابىتات مەركىزى تەشكىللىگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتابنى ھىندىستاننىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شىيام ساران يازغان. يىغىلىشتا ھىندىستاننىڭ چەت ئەللەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى باش ئەلچىلىرى ۋە شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى، چەت ئەللىك دىپلوماتلار، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەمەلدارلىرى، ئاكادېمىكلار ۋە مۇھىم شەخسلەر قاتناشقان.

ھەيئەت يىغىن جەريانىدا ھىندىستاننىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شىيام ساران بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ساران ئەپەندى ھەيئەتكە ھەدىيە قىلغان ئىمزالىق كىتابىغا ئۇيغۇر خەلقىگە ئېيتماقچى بولغان كۆڭۈل سۆزلىرىنى يازغان.

ھەيئەت 10-سېنتەبىر يەنە ھىندىستان خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى ساچىن بۇدخۇالىيانىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، خۇسۇسەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنى تەپسىلىي پاش قىلغان.

13-سېنتەبىر يېڭى دېھلىدا «مۇھاپىزەت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى سائۇراب سارمانىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرغان.



ھەيئەت 12-سېنتەبىر يېڭى دېھلىدا تىبەتلەرنىڭ سۈرگۈندىكى رەھبىرى دالاي لامانىڭ ۋەكىلى جىگمە جۇڭنېي بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى، جۈملىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تونۇشتۇرغان. سۆھبەت جەريانىدا يەنە جىگمە جۇڭنېي ئەپەندى بىلەن ھىندىستاندا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدە بىرلىكتە ھەمكارلىشىشنى مۇزاكىرە قىلغان.

ھەيئەتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ھىندىستاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ۋەسىم ئابدۇللاھ ئەپەندى «ھىندىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى ۋە تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ھىندىستان ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلق دىپلوماتىيە ھەرىكىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ياۋروپا، شەرقىي ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمەت، تەشكىلات، ۋەقفىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە كۆپلىگەن تەشكىلاتلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

# يېڭى دېھلىدا ھىندىستان-ئۇيغۇر قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى



**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات بىرلىكى ھەيئىتى ھىندىستان زىيارىتى جەريانىدا، ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن پايتەخت يېڭى دېھلىدا قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى يىغىنى ئۆتكۈزدى.**

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باشچىلىقىدىكى ھەيئەت 8-سېنتەبىردىن تارتىپ ھىندىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ، ھىندىستاندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن يېڭى بىر خىزمەت، ھەرىكەت مەيدانى ۋە مۇھىتى يارىتىش، ئۇنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم سىياسىيونلار، ئاكادېمىكلار، پارلامېنت ئەزالىرى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە مۇخبىرلار




بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە ئۇنۇملۇك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ھەيئەتنىڭ ھىندىستاننى زىيارەت قىلىشتىكى مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە باغلاش بولۇپ، جىددىي ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ھىندىستان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ جامائەت ئەربابلىرى ۋە يېتەكچىلىرى بىلەن ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدا ئالاھىدە ئۇچرىشىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

ھەيئەتنىڭ ھىندىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى ۋە ئۇلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇشىدا ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن پىداكارلىقنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ھەيئەت بىلەن بىر يەرگە جەم بولغان ئۇيغۇرلار بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۈچۈن ھىندىستان شەرقىي تۈركىستانغا چېگرالىنىدىغان جاممۇ كەشمىر، لاداخ ۋە كارگىل رايونلىرىدىن ئۆزۈن ۋە جاپالىق يوللاردىن بېسىپ ئۆتۈپ، پايتەخت يېڭى دېھلىگە كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائەت ئەربابلىرى بار بولۇپ، بۇ قېتىملىق قېرىنداشلىق ئۇچرىشىش يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر ئالماشتۇرغان. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەيئەت يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان.



تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتىنىڭ ھىندىستاندىكى زىيارىتى ۋە بۇ جەرياندىكى ئالاقە ئىشلىرىغا ھىندىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋاسىم ئابدۇللاھ ئەپەندى بىلەن ئادۋوكات مۇھەممەد شافىي لاسسۇ ئەپەندىلەر ئالاھىدە كۈچ چىقارغان.

ھەيئەتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەتتىكى مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى «ھىندىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ھىندىستان ۋەكىلى ۋاسىم ئابدۇللاھ ئەپەندى جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەن. جەمئىيەت تەشكىللەش يىغىنىدا ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇھىم تېمىلار مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇش ئارقىلىق ھىندىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇھاجىرەتتىكى باشقا ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش، ھىندىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى، تىلى، مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش جەھەتتىن يېڭى سەھىپە ئېچىلغان.

ھەيئەتنىڭ بۇ قېتىملىق ھىندىستان زىيارىتىنىڭ نەتىجىسىنى ھىندىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرىنى جانلاندۇرۇش ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھىندىستان جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇش،



ھىندىستاندىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مائارىپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىش، ھىندىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋە ھىندىستان خەلقى ئارىسىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئېرىشىشكە، جەمئىيەت ۋە دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئاخىرىدا ھىندىستان تەرەپ بىلەن مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىنچىكە مۇزاكىرە قىلىش باسقۇچىغا يېتىپ بېرىش قاتارلىق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدىكەن.

نۆۋەتتە ھىندىستاندىكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان جامۇ كەشمىر، لاداخ ۋە كارگىل رايونى قەدىمكى لاداخ يولىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، لاداخ ۋە جامۇ كەشمىر (سىرىناگار) ئەسىرلەردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، ساياھەت ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىش جەھەتتىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن.

INDIAN
UYGHUR
SOCIETY
Unity and Hormony



# ئامېرىكا پارلامېنتىدا خىتايغا قارشى 30 دىن ئارتۇق قانۇن لايىھەسى قاراپ چىقىشنى كۈتمەكتە

**ئامېرىكا پارلامېنتىدا «خىتايغا قارشى ھەپتىلىك» باشلانغان بولۇپ، خىتاينىڭ تۈرلۈك تەھدىتلىرىگە قارشى 30 دىن ئارتۇق قانۇن لايىھەسى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاراپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىكەن.**

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 9-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى خىتايغا تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار قانۇن لايىھەلىرىنى سۇنغان بولۇپ، پەقەت بۇ ھەپتە ئىچىدىلا خىتايغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتلىك بولغان 25 تىن ئارتۇق قانۇن لايىھەسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاۋازغا قويۇلىدىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 11-ئايدىكى چوڭ سايلامغا پەقەت ئۈچ ھەپتە قالغان بولسىمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئاۋام پالاتاسى يىغىن ۋاقتىنى خىتايغا قارشى قانۇن لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلماقتىكەن. بۇ قانۇن لايىھەلىرى ئۇچقۇسىز ھاۋا ئاپپاراتى، بىيو-تېخنىكا، توكلۇق ئاپتوموبىل قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە چېتىلىدىكەن. بۇ قانۇن لايىھەلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى مەقسەت ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش، خىتاينىڭ تەسىرىنى چەكلەش، كېيىنكى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتنىڭ خىتايغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قول



سىياسەت يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىكەن.

9-سېنتەبىر كۈزدىن كەچۈرۈلىدىغان قانۇن لايىھەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار خىتاينىڭ DJI شىركىتىنى چەكلەيدىغان «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇچقۇچىسىز ھاۋا ئاپپاراتلىرىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»، خىتاينىڭ بەش بىيو-تېخنىكا ئۈسكۈنلىرى شىركىتى بىلەن فېدېراتسىيەنىڭ شەرتنامە تۈزۈشنى توسىدىغان «بىيولوگىيەلىك بىخەتەرلىك قانۇنى»، فېدېراتىپ ئالاقە كومىتېتىدىن FCC رۇخسەتنامىسىگە ئىگە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان «چەت ئەللىك رەقىبلەرنىڭ ئالاقە ئاشكارىلىق دەرىجىسى قانۇنى»، سودا مىنىستىرلىقىدىن روتېر ياكى سانلىق مەلۇمات ئۈسكۈنلىرىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ-خەتىرى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان «روتېر قانۇنى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خىتاينىڭ تەسىرىنى چەكلەش جەھەتتە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ كەلگۈسىدە خەلقئارا پۇل فوندىدىن خىتاي پۇلىنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈشىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان «خىتاي پۇلى جاۋابكارلىق قانۇنى»، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتاينىڭ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشىنى توسىدىغان «تەيۋەن توقۇنۇشىنى توسۇش قانۇنى»، شۇنداقلا خوڭكوڭ ئىقتىساد-سودا ئىشخانىسىنىڭ ئامېرىكىدىكى دىپلوماتىك ئالاھىدە ھوقۇقىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان «خوڭكوڭ ئىقتىساد-سودا ئىدارىسىنىڭ گۇۋاھنامە بېجىرىش قانۇنى» قاتارلىقلار بار ئىكەن.

ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى مايك جونسون 7-ئايدا خىتايغا قارشى قانۇن لايىھەلىرىنى تېزلىكتە تەستىقلاشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ قانۇن لايىھەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاتتىق پوزىتسىيەدىكى پارلامېنت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاينىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

# شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ تىپتىكى ۋانادىي، تىتانو ماگنېتىت كېنى بايقالدى



**شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئىزچىل بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كېلىۋاتقان خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن يەنە يېڭىدىن چوڭ تىپتىكى ۋانادىي، تىتانو ماگنېتىت كېنىنى بايقىغان.**

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 10-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭ» گېئولوگىيە ئىدارىسى قۇمۇل گېئولوگىيە گۇرۇپپا خادىملىرى يېقىندا قۇمۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىدا يېڭىدىن چوڭ تىپتىكى بىر ۋانادىي، تىتانو ماگنېتىت كېنىنى بايقىغان. مۆلچەرلىنىشىچە، تۆمۈر رۇدىسى زاپىسى 358 مىليون توننا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قېزىلما تىتان زاپىسى 21.5 مىليون توننا، فوسفور زاپىسى 5.55 مىليون توننىغا يېتىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ۋانادىي، تىتانو ماگنېتىت كېنى كۆپ خىل مېتال ئېلېمېنتلىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولغان بىرىكمە كان بولۇپ، ئاساسلىقى تۆمۈر، ۋانادىي، تىتان قاتارلىق ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىدىن تەركىب تاپقان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ» گېئولوگىيە ئىدارىسى قۇمۇل گېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاقىدار خادىمىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ كان زاپىسى چوڭ تىپتىكى تۆمۈر كانى، چوڭ تىپتىكى تىتان كانى ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى فوسفور كانى كۆلىمىگە يەتكەن بولۇپ، كان



رايوننىڭ چوڭقۇر قاتلىمى ۋە ئەتراپىدا يەنىلا ياخشى كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ۋە زور كان ئىزدەش شارائىتى مەۋجۇت ئىكەن.

خەۋەردە 2023-يىلى خىتاي رېجىمىنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق كان ئىزدەش ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆمۈر، ئالتۇن، بېرىللىي، ستىببىي، كالىي، لىتىي، فلۇئورىت قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك كان بايلىقلىرى زاپىسىنىڭ كۆپ مىقداردا ئاشقانلىقى، خىتاي تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى بەلگىلىگەن «14-بەش يىللىق پىلان»غا يېڭىدىن قوشۇلغان بايلىق زاپىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاللىقاچان ئورۇنداپ بولغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى پەقەت ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، بۇنچە كۆپ تەبىئىي بايلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ماس قەدەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە تالان–تاراجنىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبە مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلدى




**تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبەسى كومىتېتىنىڭ 34 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئورتاق تۈرك تىلى ئېلىپبەسى تەكلىپىنى ماقۇللىغانلىقى ئېلان قىلىندى**

تۈركىيە خەۋەرلىرىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، قازاقىستان پايتەختى ئاستانىگە جايلاشقان تۈرك ئاكادېمىيەسى باياناتى ئېلان قىلىپ، تۈرك ئاكادېمىيەسى بىلەن تۈركىيە تىل-يېزىق ئورگىنى ھەمكارلىقىدا، 9-سېنتەبىردىن 11-سېنتەبىرگىچە ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبەسى كومىتېتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك يىغىنى چاقىرىلغانلىقىنى، تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبەسى كومىتېتى ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغان.

باياناتتا: «يىغىننىڭ ئاساسلىق نىشانى بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ۋە تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبە كومىتېتىنىڭ ئىككى يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، تۈرك تىللىرىنىڭ ئورتاق ئېلىپبەسىنى تۈزۈش لايىھەسى خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش» دېيىلگەن.

باياناتتا يەنە يىغىندا 1991-يىلى ئالىملار تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان لاتىنچە ئورتاق تۈرك ئېلىپبەسى لايىھەسىنىڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغانلىقى، نەتىجىدە تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئېلىپبە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ بۇ ئېلىپبە لايىھەسىدە تەرەققىي

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Aa | [ɑ] | [ɑ] | Iı | [ɯ] | [y] | Rr | [r] | [r] |
| Bb | [b] | [b] | İi | [i] | [i] | Ss | [s] | [s] |
| Cc | [ʤ] | [ǯ] | Jj | [ʒ] | [ž] | Şş | [ʃ] | [š] |
| Çç | [ʧ] | [č] | Kk | [k] | [k] | Tt | [t] | [t] |
| Dd | [d] | [d] | Qq | [q] | [q] | Uu | [u] | [u] |
| Ee | [e] | [e] | Ll | [l] | [l] | Ūū | [ʊ] | [ū] |
| Əə (Ää) | [æ] | [ä] | Mm | [m] | [m] | Üü | [y] | [ü] |
| Ff | [f] | [f] | Nn | | | | | [v] |
| Gg | [g] | [g] | Ññ | [ŋ] | [ŋ] | Yy | [j] | [j] |

قلدۇرۇشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئېنىقلاپ چىققانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا، جاپالىق خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە 34 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئورتاق تۈرك ئېلىپبەسى تۈزۈپ چىقىش ھەققىدىكى تەكلىپنىڭ بىردەك ماقۇللانغانلىقى، تەكلىپتە ئوتتۇرىغا قويغان ئېلىپبەسىدىكى ھەربىر ھەرپنىڭ تۈرك تىللىرىدا مەۋجۇت بولغان ئوخشىمىغان فونېمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

خەۋەردە تۈركىيە تۈركچىسىدە ئىشلىتىلمەيدىغان بەش ھەرپ (Ä - X -Q - Ŭ - Ň -) مەۋجۇت بولغان ئورتاق ئېلىپبەنىڭ تۈركىي دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي ھەركەتلىرى جەريانىدا ئەمەلىي ئىشلىتىش باسقۇچىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| A | B | C | Ç | D | E | Ə |
| F | G | Ğ | H | X | I | İ |
| J | K | Q | L | M | N | Ñ |
| O | Ö | P | R | S | Ş | T |
| U | Ŭ | Ü | V | Y | Z | |





# ختاي ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چاقماقتا


**ختاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش»، «تەرەققىيات رايونىغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىش» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن چېقىش، خەلقنى سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.**

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىم 16-سېنتەبىر ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا تارقاتقان بىر قانچە سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، تاشقورغان ناھىيەسى ۋاچا يېزا قۇراغ كەنتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى مەجبۇرىي چېقىۋېتىلگەن.

مەزكۇر سىندا ختاي مەجبۇرىي چاقماقچى بولغان ئۆينىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى، چېقىلغاندىن كېيىنكى خارابىلىكلىرى سىلىشتۇرۇلغان. سىندا كۆرستىلىشىچە، مەجبۇرىي چېقىلماقچى ئۆي ھەرخىل گۈزەل نەقىشلەر ۋە ئويمىلار بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن، كۆركەم سىرلانغان، ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرى،







تام، تورۇس ۋە لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان بولۇپ، سېلىنغىنىغا تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مەزكۇر سىندا خىتايچە: «يۇرتۇمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى، ئۆيۈم مەجبۇرىي چېقىۋېتىلدى» دېگەن نارازىلىق سۆزلىرى يېزىلغان.



ئاتالمىش «كونا، ئاجىز ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سېلىش» ئەمەس، بەلكى يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىمۇ مەجبۇرىي چېقىش، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

يەنە بىر سىندا بولسا ئۆيىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تالادا قالغانلىقى، يوتقان-كۆرپىلىرىنىڭ ئېتىزلىققا تاشلاپ قويۇلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئالاقىدار باشقا بىر سىندا ئۆي



ئىگىسى ئايالنىڭ مەجبۇرىي چېقىلغان ئۆيى ھەققىدە كەنت كومىتېتىغا كىرىپ شىكايەت قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كەنتتىكى خىتاي ئەمەلدار شىكايەت قىلغان ئايالنى قوپاللىق بىلەن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئايال چىققىلى ئۇنىمىغان. ئاخىر خىتاي ئەمەلدار كەنت كومىتېتىدىكى چاپارمەنلىرىنى مەزكۇر ئايالنى قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇغان.



خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي 2010-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «كەپىلىك مەھەللىلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىشكە، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 2023-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى جەمئىي 1 مىليون 797 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي چېقىپ ئۆزگەرتىلگەن.

خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زور كۆلەمدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن دىنىي، مىللىي قىممەت قاراشلىرىدىن، ئۆز كۈلتۈرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر-ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ھويلا-ئاراملارنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مەجبۇرىي چېقىپ، ئۇيغۇر مەھەللىرىنى ۋەيران قىلماقتا. تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ قىلچە پەسەيمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە تۈرلۈك يوسۇندا كۈچەيىپ ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.






# ياپونىيەلىك ئۇيغۇر پارلامېنت ئەزاسى ھۆكۈمەتنى خىتايغا قاتتىق قول بولۇشقا چاقىردى

**ياپونىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان لىبېرال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئارفىيە ئېرى ياپونىيەنىڭ خىتايغا قارىتا پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىشنى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.**

نىككېي ئاسىيا تورىنىڭ 15-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر پارلامېنت ئەزاسى ئارفىيە ئېرى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى خاتىرىسىگە قارىتا قاتتىق قول بولۇشقا چاقىرغان ۋە شۇنداقلا خىتاينىڭ ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدا كۈچىيىۋاتقان ھەربىي




تەھدىتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇشقا چاقىرغان.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ئۆتكۈزگەن سىدنېي دىيالوگىغا قاتناشقان ئارفىيە خانىم نىككېي ئاسىيا گېزىتىنىڭ سىدنېيدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ زىيارەتتە خىتايغا قارشى كەسكىن تەنقىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ياپونىيەنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا قاتتىق قول بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان.

ئۇ سۆزىدە يەنە ياپونىيەنىڭ بەزى غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاش شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى، ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مۇجمەل مەيداندىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئارفىيە ئېرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى لىبېرال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋىتى بار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ياپونىيەنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلغۇچى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى نامۇۋاپىق دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۇ ياپونىيەدىكى تۇنجى ئۇيغۇر پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ، بۇلتۇر 4-ئايدا نۆۋەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان لىبېرال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە، باش ۋەزىر فۇمىئو كىشىدانىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ چىبا شەھەرلىك ئاۋام پالاتا ئەزاسى سايلىمىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغانىدى.



# لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسور راھىلە داۋۇتقا پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى



**ختاي تۇتقۇن قىلىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان پىروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت خانىمغا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى.**

قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىگە قاراشلىق شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى (SOAS) بۇ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا خەلقئارادا چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ۋە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان يەتتە كىشىگە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئىنسانشۇناس، ئۇيغۇر تەتقىقاتچى پىروفېسسور دوكتور راھىلە




داۋۇتمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئەدەبىيات پەنلىرى ساھەسىدە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن. خىتاي تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان پروفېسسور راھىلە داۋۇت خانىمنىڭ بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا پروفېسسور راھىلە داۋۇتنىڭ شەرەپ سەھنىسىدىكى ئورنى بوش قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان قىزى ئەقدە پولات سىن ئارقىلىق پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئانىسىغا ۋاكالىتەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېت مەسئۇللىرىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەقدە پولات سىنلىق ئۇچۇرىدا ئانىسىنىڭ بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ئانام بۈگۈن بۇ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى، ئەمما تۈرمىدىكى ئانام بۇ شەرەپلىك ئۇنۋاندىن بىخەۋەر. ئانامنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مۇكاپاتنى ئانامغا لايىق كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە






ئانامنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلغان ھەممەيلەنگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن» دېگەن.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور راھىلە داۋۇتقا ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش تەلىپىنى سۇنغۇچى، مەزكۇر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور دوكتور رېيچل ھارىس شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قارىتىلغان بۇ مۇكاپاتنى بېرىشىنىڭ ئاسانغا توختىمىغانلىقىنى، پروفېسسور راھىلە داۋۇتنىڭ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا تۆھپە قوشقان مۇھىم بىر ئاكادېمىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇنۋان ئارقىلىق ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغانلىقىنى ۋە شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىغا قاراتقان جىنايەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى، راھىلە داۋۇت خانىمنىڭ بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئۇ يەنە پروفېسسور راھىلە داۋۇتنىڭ تۆھپىكار بىر ئاكادېمىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر دىنىي ئەنئەنىلىرى ھەققىدە مىسلىسىز ئېتنوگرافىيەلىك مەلۇماتلارنى توپلىغانلىقىنى، بۇ مەلۇماتلارنىڭ توغرا ئارخىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە خەلقئارالىق مەدەنىيەت ساھەسى بىلەن ئورتاقلىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئىنستىتۇتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

پروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت خانىم قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن





ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ پىروفېسسورى، ئۇيغۇر فولكلور ساھەسىدىكى مۇھىم ئىنسانشۇناس ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ تەتقىقات داۋامىدا خارۋارد ۋە كامبرىج قاتارلىق غەربتىكى كۆپلىگەن داڭلىق ئورگانلار بىلەن ھەمكارلاشقان. ئۇ ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مازار تەتقىقاتى ساھەسىدە خەلقئارالىق شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى.

خىتاي پىروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت خانىمنى 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇتقۇن قىلغان. ئۇ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2018-يىلى 12-ئايدا «بۆلگۈنچىلىك»، «دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان كەلتۈرۈش» دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. پىروفېسسور راھىلە داۋۇت بۇ ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەرزى رەت قىلىنغان.

# خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنىڭ تۈركىيەگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى تەكىتلەندى



**تۈركىيە ئەمەلدارى خىتاينىڭ ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنىڭ تۈركىيە ئىقتىسادىغا، تاشقى سودىسىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.**


تۈركىيەدە چىقىدىغان «ئىقتىسادىي خەۋەر قىلىشىچە، تۈركىيە تاشقى كۆچ» ژۇرنىلىنىڭ 17-سېنتەبىر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كېڭىشىنىڭ



رەئىسى نائىل ئولپاك: «خىتاينىڭ بىر بەلباغ، بىر يول سودا پىلانى تاماملىنىپ قالسا، تۈركىيەنىڭ ياۋروپاغا قاراتقان ئېكسپورتىدا ئېغىر زىيان كۆرۈلىدۇ» دېگەن.

نائىل ئولپاك خىتاينىڭ ياۋروپا بازىرىغا تېز سۈرئەتتە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا قۇرۇلۇشىغا 50-60 مىليارد دوللار سەرپ قىلغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندە، دېڭىز يولى ئارقىلىق ياۋروپاغا بىر يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە يەتكۈزىدىغان يۈكنى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق 11 كۈندە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ نىشانى بولسا 7-9 كۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

بۇ ھەقتە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن ئولپاك خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى قوللىغۇچىلارنى تەنقىدلەپ: «نۆۋەتتە بىر تۈرك ئېكسپورت سودىگىرىنىڭ يۈك ماشىنىسى تۈركىيەنىڭ گازىئانتەپتىن يولغا چىقىپ، ئۈچ-تۆت كۈندە گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامىغا يېتىپ بارالايدۇ. ئەمما خىتاي يۈك ماشىنىسى ئامستېردامغا سەككىز كۈندە يېتىپ بارالايدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىمىز بار.



ختاينىڭ يولغا قويغان قۇرۇلۇشى پۈتكەن هامان، بىزدىكى ئارتۇقچىلىق قولىمىزدىن كېتىدۇ. شۇڭا ختاينىڭ بىر بەلباغ، بىر يول قۇرۇلۇشىغا ئالقىش ياڭراتقىنىمىزدا نېمىگە ئالقىش ياڭراتقانلىقىمىزنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەن.

نائىل ئولپاك سۆزىدە ختاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە ۋە ئېكسپورتىغا چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «ختاينىڭ بىر بەلباغ، بىر يول قۇرۇلۇشى تولۇق يولغا قويۇلغاندا، ئەڭ چوڭ ئېكسپورت بازىرىمىز بولغان ياۋروپادا ئېغىر يوقىتىشقا دۇچ كېلىمىز» دېگەن.


نائىل ئولپاك تۈركىيەنىڭ بىرازىلىيە، رۇسىيە، ھىندىستان، ختاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇش ئىلتىماسى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ مەسىلىنى ئىقتىسادتىن بەكرەك



سىياسەتنىڭ ئويۇن مەيدانى دەپ قارايدىغانلىقىنى، ھەمدە تۈركىيەنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېڭى بىر ئويۇن قارتى ئېچىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كېڭىشى 1985-يىلدىن بۇيان پائالىيەت قىلىۋاتقان بىر سودا دىپلوماتىيە تەشكىلاتى بولۇپ، خەلقئارا بويىچە 152 سودا كېڭىشى بىلەن بىرگە تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سودىسىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە پائالىيەت قىلماقتىكەن.

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2013-يىلى ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنى يولغا قويغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان بۇ پىلاندىكى ھالقىلىق ئورۇنغا ئايلانغان. بۇ سەۋەبلىك مەزكۇر پىلان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېغىر بالايى-ئاپەت بولماقتا. خىتاي بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا. شۇنداقلا غايەت زور خىراجەت ۋە كۈچ ئاجرىتىپ، بۇ جىنايەتلىرىنى خەلقئارادىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.



# خىتاي خەلقئارانىڭ كۆزىنى بويايدىغان غايەت زور مەدەنىيەت سارىيىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى




**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ياساپ چىققان ئاتالمىش «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيى»نىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «يېڭى دۇنيا شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيى» 18-سېنتەبىر پۈتكەن ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ يىل ئاخىرىدا سىرتقا ئېچىۋېتىش پىلانلانغان. ئۈرۈمچىگە جايلاشقان مەزكۇر سارايىنىڭ قۇرۇلۇشى




2023-يىلى 5-ئايدا باشلانغان بولۇپ، يېڭى دۇنيا خىتاي يەر-مۈلۈك چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئالغان.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ قۇرۇلۇش خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقىنى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىش، يېتەكلەپ چۈشەندۈرۈش، تارقىتىشتىكى مۇھىم سۇپا، ھەمدە ئاتالمىش «شىنجاڭ»نىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن ساياھەتچىلىكنى چوڭقۇر يۇغۇرۇش ۋە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بازا ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيى»نىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىغا ما شىگرۈي، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار ئەمەلدارلار قاتناشقان. ما شىگرۈي سۆزىدە ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش» قاتارلىق ئىبارىلەرنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بايانلىرى مەزكۇر سارايىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش ئۇرۇنۇشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر سارايىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ كىۋادرات مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مەمۇرىي تارماقلىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك تۈرىنىڭ ۋەكىللىك ۋارىسىدىن جەمئىي 6559 كىشىنى



بېكىتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون» دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ۋارىسىدىن 548 كىشى، دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ۋارىسىدىن 112 كىشى بار ئىكەن.

خىتاي خەۋەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيى»نىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيە رايونى تۆت كۆرگەزمە زالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، كۆرگەزمە زالى، ئېچىۋېتىش شەكلىدىكى ۋاقىتلىق كۆرگەزمە زالى، ھەمتۈرتكىلىك ھېس قىلىش زالى، كۆپ ئىقتىدارلىق زالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. ئاتالمىش «جۇڭخۇا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» زالىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ-پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن قىسمەن تۈرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش، شۇنداقلا كۇنچۇ تىياتىرى، گۇچىن سەنئىتى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، تامغا ئويۇش، جىڭجۇ تىياتىرى، خەتتاتلىق، قەغەز قىيما، تەيجى گۇمپىسى قاتارلىق خىتاي مەدەنىيىتى ئاساس قىلىنغان تۈرلەرنى كۆرگەزمە قىلىشنى پىلانلىغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، مەزكۇر سارايىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆرگەزمە قىلىنىدىغان ئىككى زالدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قېلىپتا ياساش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇش ھۈنەر-سەنئىتى، قازاق مىللىتىنىڭ دومبىرا سەنئىتى، ئوقيا ياساش ھۈنەر-سەنئىتى، ئەنئەنىۋى ئۇن تامىقى تەييارلاش ھۈنەر-سەنئىتى، خوتەن دورىلىق چېيى تەييارلاش ھۈنەر-سەنئىتى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن. كۆرگەزمە پىلانىغا ئاساسەن كۆرگەزمە زالىدا مەدەنىيەت ۋارىسلىرى تاماشىبىنلارغا مەشرەپ، نازىركوم، ئون ئىككى مۇقام، بۈركۈت ئۇسسۇلى، ساماۋار ئۇسسۇلى، يۆجۈ تىياتىرى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاپ بېرىدىكەن.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆنتۈلدۈرۈش، تارىخىنى بۇرمىلاش پىلانى بويىچە، بۇلتۇر ئاتالمىش «شىنجاڭ مۇزېيى»نىڭ كۆلىمىنى




ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتىپ سالغاندى. 2-قارارلىق يىغىن سارايىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر كۆرگەزمىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ «خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دەك بۇرمىلانغان تارىخنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دىن 1570 پارچە قويۇلغاندى.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەشتىن باشقا، ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرنى كۆزدىن يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. خىتاي تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، خىتاي مەدەنىيىتىنى مەجبۇرىي تىڭىش، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئىجرا قىلدى.

خىتاي جىنايەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، زور كۆلەمدە مۇزېي، ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە مەدەنىيەت سارايلىرىنى قۇرۇپ چىقتى.

خىتاي بۇ قېتىممۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيى» ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان بولۇپ، كۆرگەزمىگە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن خىتاي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چەكلىك ساندىكى كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىتاينىڭ تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاللىبۇرۇن چەكلەنگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزغۇچى، كۆڭۈل بۆلگۈچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان.

# خىتاي ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىدىن ئۆچ ئالماقتا





**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى ھەر ۋاستىلەر بىلەن بېسىم قىلىپ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلاپ كەلگەن بولۇپ، تۈرلۈك تەھدىتلەرگە باش ئەگمەي كېلىۋاتقان پائالىيەتچى ئابدۇرېھىم غېنى ئەپەندىنىڭ دادىسى غېنى خۇدابەردى جازا لاگېرىدا خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.**

ئابدۇرېھىم غېنى ئەپەندى 19-سېنتەبىر دادىسىنىڭ جازا لاگېرىدا تۇيۇقسىز جان ئۈزگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئوغلىنى بويسۇندۇرالمىغان خىتاي ئۇنىڭ دادىسىدىن ئۆچ ئالغان. ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە بىلدۈرۈشىچە، تۈنۈگۈن گوللاندىيەدىكى دىيانەتنىڭ مەسچىتىدىكى جۈمە خۇتبىسىدە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋاپاتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا مەسچىتتە ئۇنىڭ دادىسى ئۈچۈن غايىبانە جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلگەن.

ئابدۇرېھىم غېنى ئەپەندى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبىدىن، دادىسى غېنى خۇدابەردى بىلەن 2017-يىلىدىن بۇيان ئالاقىلىشالمىغان. بۇ يىل 6-ئىيۇل ختاي ساقچىلىرى ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ ئاكىسىغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدۇرۇپ، 7-ئايدا گوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھىرىدىكى دۇنيا يۇقرالار سوت مەھكىمىسىدە شى جىنپىڭغا ئېچىلغان سوتتا گۇۋاھلىق بەرمەسلىككە قىستاپ بېسىم قىلغان. كېيىن ئابدۇرېھىم غېنى ئاكىسىنىڭ تېلېفونىنى ئالمىغان. ختاينىڭ بۇ ھىيلىسى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسىنى جازا لاگېرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى سوتتا گۇۋاھلىق بەرمەسلىككە نەسىھەت قىلدۇرغان. ختاينىڭ شۇنچە بېسىملىرىغا باش ئەگمىگەن ئابدۇرېھىم ئەپەندى سوتتا ختاينىڭ جىنايىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئابدۇرېھىم ئەپەندى سوتتا يەنە مەزكۇر ئېچىنىشلىق سىننى دۇنيا يۇقرالار سوتىدا ئاشكارىلاپ، ختاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە كۈچلۈك ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەن. كۈتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ختاي كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان غېنى خۇدابەردىنى قايتىدىن جازا لاگېرىغا سولىغان.

ئابدۇرېھىم ئەپەندى فېيىسبۇك ھېسابىدا بۇ توغرۇلۇق باياناتى ئېلان قىلىپ: «دادامنىڭ ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جازا لاگېرىدا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولدى. ئەمما دادامنىڭ ۋاپات خەۋىرى مېنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تاجاۋۇزچى ختايغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، تاجاۋۇزچى ختايغا قارشى مەنىۋى ئېنېرگىيەگە ئىگە قىلدى. بۇ مۇسىبەت تاجاۋۇزچى ختايغا قارشى كۈرىشىمنى داۋاملاشتۇرۇش غەيرىتىمنى ئاشۇردى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى پارلاق تاڭغا ئېرىشىشكە بولغان ئۈمىدىمنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ، غەلىبە مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان تەۋرەنمەس روھقا ئىگە قىلدى» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.














# ژۇرنالىستلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن جەم بولدى

**پائالىيەت ئالاقە مۇنبىرىنىڭ قوللىشى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ساھىبخانلىقىدا 21-سېنتەبىر فاتىھ نەسلىشاھ سۇلتان مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىلىشقا ئوخشىمىغان ئاخبارات ئورگانلىرىدىن 40 تىن ئارتۇق ژۇرنالىست قاتناشتى.**


يىغىلىشتا ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق

يۈرگۈزۈش جىنايىتىنى كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئورۇن ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ۋە مۇخبىرلاردىن بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.


ھىدايەتۇللا ئوغۇزخان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۇممەتنىڭ مەسىلىسى سۈپىتىدە تونۇشى كېرەكلىكىنى، تۈرك دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىگە چىقىشىنى تەتۈر تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوق دەپ قارىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.


ئالاقە سۈپىسى رەئىسى يۈسۈپ زىيا چاتاكلى ئەپەندى سۆز قىلىپ، پەلەستىن مەسىلىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرنىڭ ئاساسەن ئوخشاش ۋاقىتتا باشلانغان ۋە قاناۋاتقان ئىككى يارا ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ باستۇرۇشلىرىدا















يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ جەرياندا نەچچە مىليون ئادەمنىڭ قەتلىئام قىلىنغانلىقىنى، بۇ ئەھۋالنى دۇنيانىڭ كۆپ قىسمى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئېغىر باستۇرۇش ئىچىدە قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازىنى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئاڭلىتىشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تارقىتىش بۆلۈمى مەسئۇلى، دىكتور مۇھەممەد ئەلى ئاتايۇرت ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنى تونۇشتۇرۇپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىكىر، ئىپادە ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ۋە نەشرىيات ئەركىنلىكىنىڭ قەتئىي يوق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان تولۇق مۇستەقىل مەتبۇئات-نەشرىيات ئورگىنىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قانچىلىك ئىگىسىز ۋە ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازى بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ خىتاينىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملىرى، شىكايەتلىرىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، خىتاي ئىستىقلالنى ئوچۇق-ئاشكارا

قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما ئىستىقلالنىڭ قاتمۇ قات توسالغۇلارغا قارىماي داۋاملىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكىنى، بۇ ساھەدە بارلىق ئاخبارات خادىملىرى بىلەن تۈرلۈك ھەمكارلىققا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتچىلىرىدىن فەيزا پىنار قىلىچ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە تەييارلىغان دوكلاتنى ئوقۇپ ئۆتتى.



نىشان قىلىپ كۆرسىتىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن چەت ئەلگە ئۇزارغان قارا قولى بىلەن توسقۇنلۇق

# ئەردوغان: ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن خىتاي بىلەن دىيالوگ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز



تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 79-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىمۇ تىلغا ئالدى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا يېتەرسىز، پاسسىپ بىر قۇرۇلمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تەكىتلىدى.



تۈركىيە پرېزىدېنتلىق مەھكىمىسى ئۇچۇر-ئالاقە ئىدارىسىنىڭ ئورگان تورىدا قەيت قىلىنىشىچە، پرېزىدېنت ئەردوغان 24-سېنتەبىر ب د ت ئومۇمىي يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن پەلەستىن مەسىلىسى ھەققىدە توختالغان. ئۇ ئۆزۈن كۈرەشلەر نەتىجىسىدە پەلەستىنىڭ ۋەكىلىنىڭ ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كۆرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ تارىخىي قەدەمنىڭ پەلەستىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش يولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۈرۈلۈش نۇقتىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان باشقا دۆلەتلەرنى بۇ جىددىي مەزگىلدە تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، پەلەستىن دۆلىتىنى دەرھال ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىمەن» دېگەن.

پرېزىدېنت ئەردوغان يەنە تۈركىي دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بارغانسېرى جەلپ قىلىش مەركىزىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، تەشكىلاتنىڭ ئۈلگىلىك بىر ھەمكارلىق مودېلى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

ئۇ سۆزىدە يەنە تۈرك دۇنياسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، كۈچلۈك تارىخىي، مەدەنىي ۋە ئىنسانىي باغلىنىشىمىز بولغان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئاساسىي ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن، خىتاي بىلەن يېقىن دىيالوگ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمىز» دېگەنلەرنى قەيت قىلغان.

# خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تۈرلۈك ساھەلەردە تەسىرىنى كۈچەيمەكتە




**خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تەسىرىنى تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە بارغانسېرى كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، خىتاي بۇ رەزىل پىلانى بويىچە، خىتاي–ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە تەشكىللىدى.**


خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 24-سېنتەبىر خىتاي–ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكومنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ سۆز قىلغان. ئۇندىن باشقا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي باش سودىيەسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۈن ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي

سوت مەھكىمىسى بۇ قېتىمقى يىغىننى پۇرسەت بىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن، كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ»، دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەت، توردىكى جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، رايون خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدە ئورتاق كېڭەشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

يىغىندا قازاقىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئارسلانبېك مېرخالىيېوف، قىرغىزىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى زامىربېك بازاربېكوف، تاجىكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شىرمۇھەممەت شاۋشىيان، ئۆزبېكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بەختىيار ئىسلاموف ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئايرىم-ئايرىم بولۇپ سۆز قىلغان.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر چېگرا ھالقىغان سودا ئىشلىرى ماجىرالىرىنى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش مېخانىزمى، ئاتالمىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق، زەھەر، چىرىكلىك، توردىكى جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش




قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان قانۇننى تەتبىقلاش مەسىلىسى ۋە دۆلەت ھالقىغان قانۇن يۈرگۈزۈش ھەمكارلىقى ۋە ئۈنۈمگە كۈچ قوشۇش تېمىلىرىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئۆتكۈزگەن.

يىغىن ئاخىرىدا ئاتالمىش «خىتاي– ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئۈرۈمچى باياناتى» ماقۇللانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ قېتىملىق يىغىن خىتاينىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ ۋەنمىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. يىغىنغا خىتاي ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى ئالاقىدار خىتاي ئەمەلدارلىرى، شەنشى ئۆلكىسى، شاڭخەي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى، شۇنداقلا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» ئەمەلدارلىرىدىن چېن مىڭگو، قورچاق ئەمەلداردىن دىلشات سايىم ۋە دىۋىزىيە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى ئالاقىدار ئەمەلدارلار قاتناشقان. ئۇندىن باشقا يىغىنغا يەنە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ساھەسىدىكى شەخسلەر ھەمدە خىتاي–ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مېخانىزمى كاتىباتى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى قاتناشقان.

خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تەدرىجىي تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ رەزىل مەقسىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغاندىن باشلاپ روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. شۇندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىگە سۈكۈت قىلىپ كەلمەكتە.



هالبۇكى، ختاي يېقىنقى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىنى تور دۇنياسىدا ئاشكارىلاۋاتقان بولۇپ، 2020- يىلى ختاي تور بەتلىرىدە «قازاقىستان نېمە ئۈچۈن ۋەتەن قوينىغا قايتمايدۇ؟» دېگەن يازمىلار ئوتتۇرىغا چىققان. ئاخىرىدا قازاقىستان تەرەپ ختاينىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر يازمىلار تور بەتتىن ئۆچۈرۈلگەندى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ختاينىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولۇپ، ختايلار مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەردىكى يەرلىك خەلققە قاراتقان كەمسىتىش قىلمىشلىرى ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىدىن شەپە بېرىشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبلىك يەرلىك خەلق بىلەن ختاي ئاقۇنلار ئارىسىدا پات- پات توقۇنۇش كېلىپ چىققان.

بۇ قېتىملىق يىغىن ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قانۇن ۋە ئەدلىيە سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش، نازارەت قىلىش، كونترول قىلىش پىلانىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.

# پاكىستان ئۆلىمالار ئۆمىكىنىڭ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ماسلاشقانلىقىغا قارشى بايانات ئېلان قىلىندى




پاكىستاندىكى ئىسلام نەزەرىيە كېڭىشى يېقىندا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان. ئون كۈنلۈك زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن ئىسلام نەزەرىيە كېڭىشىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن راغىب خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ماسلىشىدىغان سۆزلەرنى قىلغان بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار

بىرلىكى ئىسلام نەزەرىيە كېڭەشىنىڭ باياناتلىرىغا قارشى نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلدى.




تەشكىلاتلار بىرلىكى باياناتىدا ئىسلام نەزەرىيە كېڭەشىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد راغىب ھۈسەين نەئىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يېقىندا خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان زىيارىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشقا ئاشقان بۇ زىيارەتنىڭ مەقسىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىتا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆز قارىشىنى بۇرمىلاش، كۆز بوياش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىسلام نەزەرىيە كېڭەشى 25-سېنتەبىر فېيسبۇك ھېسابىدا بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر كېڭەشنىڭ رەئىسى مۇھەممەد راغىپ ھۈسەين نەئىمى باشچىلىقىدىكى 11 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئون كۈنلۈك زىيارىتىنى تاماملىغان.

بۇ جەرياندا ۋەكىللەر ئۆمىكى خىتاينىڭ بېيجىڭ، شىئەن شەھەرلىرىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھەيئەتنى شىئەن شەھىرىكى قەدىمىي مەسچىت، قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتى ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى»نى زىيارەت قىلدۇرغان ھەمدە خىتايغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان

ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز، مەمەت جۇمە قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان مەزكۇر ئاتالمىش دىنىي زاتلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن بايانلار ئارقىلىق، زىيارەت ئۆمىكىنى ئالداشقا ئۇرۇنغان.

زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىسلام نەزەرىيە كېڭىشىنىڭ رەئىسى راغىب نەئىمى: «خىتاينىڭ غەربىگە جايلاشقان مۇسۇلمان ئۆلكىسى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار خىتاينىڭ ئىجابىي سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئەركىنلىك يولىغا قەدەم قويۇپتۇ. خىتاي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرىنى قايتا قۇرۇش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپتۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

تەشكىلاتلار بىرلىكى نارازىلىق باياناتىدا بۇ بايانلارنىڭ خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك



From The Chairman's Desk

نمبر الیف:15/پی آر-2017ء-سی آئی آئی/

بتاریخ 25/ستمبر 2024ء



پریس ریلیز

چائنہ کے صوبہ سنکیانگ کے مسلمان مذہبی آزادی و معاشی ترقی کی دوڑ میں شامل

کاشغر کے قدیم شہر کی تزئین نو حکومت چین کا اہم کارنامہ ہے

اسلام آباد (پریس ریلیز) اسلامی نظریاتی کونسل کے چیئرمین ڈاکٹر محمد راغب حسین نعیمی کی سربراہی میں علماء کا 11 رکنی وفد چینی وزارت خارجہ کی دعوت پر چین کا 10 روزہ کامیاب دورہ کر کے واپس آگیا۔ اس دورہ میں وفد کو بیجنگ، شیان، کاشغر اور ارمچی شہر لے جایا گیا۔ دورہ میں وزارت خارجہ کے نمائندوں، مختلف شہروں میں مساجد کی کمیٹیوں اور کمیونسٹ پارٹی کے رہنماؤں سے تبادلہ خیال ہوا۔ وفد کو شیان کی قدیمی مسجد، کاشغر کی عید گاہ مسجد اور سنکیانگ مسلم انسٹیٹیوٹ کا دورہ بھی کروایا گیا۔ مسلم رہنماؤں شیخ عبدالرقیب، شیخ ابراہیم اور شیخ جمعہ سے ملاقات بھی ہوئی۔ دورہ پر تاثرات کا اظہار کرتے ہوئے چیئرمین اسلامی نظریاتی کونسل ڈاکٹر راغب نعیمی نے کہا کہ چین کے دارالحکومت سے مغرب میں واقع آخری مسلم صوبہ سنکیانگ کے مسلمان چینی حکومت کی مثبت پالیسیوں کی وجہ سے معاشی اور مذہبی آزادی کی دوڑ میں شامل ہو گئے ہیں۔ چینی حکومت مذہبی اقلیتوں کی عبادت گاہوں کی تعمیر نو اور رسوم و رواج کی ادائیگی کی طرف توجہ دے رہی ہے۔ اس ضمن میں اسلامک ایسوسی ایشن آف سنکیانگ کے زیر نگرانی مسلم انسٹی ٹیوٹ میں مساجد کے لیے ائمہ اور خطباء تیار کیے جا رہے ہیں اور قرآن کریم و دینی کتب کی اشاعت کی جا رہی ہے۔ ترقی کے لیے چینی حکومت کا اربوں یوان کے منصوبہ جات کی بدولت سنکیانگ خصوصاً کاشغر کے مسلمانوں کے معاشی حالات بدل رہے ہیں۔ کاشغر کا قدیمی شہر تزئین نو کے بعد سیاحوں کے لیے کھول دیا گیا ہے۔ قدیمی شہر میں ایک لاکھ ستر ہزار کے قریب مسلمان آباد ہیں۔ سیاحتی مقام بننے کی وجہ سے معاشی حالات بہت بہتر ہو رہے ہیں جس کی وجہ سے شدت پسندی میں خاطر خواہ کمی ہوئی ہے۔ 2016ء کے بعد کیے جانے والے اقدامات کی وجہ سے دہشت گردی ختم ہو گئی ہے۔ دہشت گردی اور شدت پسندی کے معاملات میں دونوں ممالک کے حالات میں کافی مماثلت پائی جاتی ہے اور دونوں ممالک کو ایک دوسرے کے تجربات سے فائدہ اٹھانا چاہیے۔ وفد نے کاشغر میں صوفی بزرگ خواجہ آفاق نقشبندی کے مزار پر بھی حاضری دی۔ وفد میں بیرسٹر ظفر اللہ خان، مولانا حامد الحق حقانی، مولانا محمد ادریس، علامہ اللہ بخش کلیار، مولانا محمد طاہر، مولانا عبدالوحید اور دیگر شامل تھے۔ وفد کا دورہ پاک چین تعلقات اور خصوصاً مسلم کمیونٹی کے لیے انتہائی اہمیت کا حامل ہے اور اس سے پاک چین دوستی کو تقویت ملے گی۔ کامیاب دورہ پر چینی سفارت خانہ اور وزارت خارجہ کے مشکور ہیں۔

(رانا زاہد)

میڈیا کوآرڈینیٹر

تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، دىنىي باستۇرۇش ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي قەشقەر شەھىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى خەلقئارادا تەشۋىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاستىرتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا



ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئاتالمىش يېڭى قانۇن-نىزاملارنى چىقىرىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى، باستۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرغان. بۇ پىلان داۋاملىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلەنگەن بولۇپ، خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل ناملار بىلەن ئۆمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىن تەييارلانغان چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تاشقى دۇنياغا جار سالماقتا.

بۇلتۇر 19-ئۆكتەبىردىمۇ ھىندونېزىيەدىن بىر ئاتالمىش «دىنىي زاتلار ۋەكىللەر ئۆمىكى» خىتاينىڭ تەكلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلاشقاندى ۋە زىيارەتتىن كېيىنكى قالايمىقان بايانلىرى سەۋەبلىك، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىغانىدى.

# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى مالايشىيانىڭ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشتى




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى 28-سېنتەبىر مالايشىيادا زىيارەتتە بولغان بولۇپ، بۇ جەرياندا مالايشىيا باش مىنىستىرى ئەنۋەر ئىبراھىمنىڭ قىزى، ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى نۇرۇل ئىززاھ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشكەن.

ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى بۇ جەرياندا باش مەسلىھەتچى نۇرۇل ئىززاھ خانىمغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا




ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرغان.

مەزكۇر دوكلاتنى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تەييارلىغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، قىرغىن قىلىش، دىنىي چەكلىمە، ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياسىتى قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والأعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV    info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33    +90 541 797 77 00